# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 3 - ئاي
16
دۈشەنبە
维吾尔文 3 月16日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网 : www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25002 - سان بۈگۈن 4 بەت


## مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا چارە - تەدبىرلىك بولۇش كېرەك

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

مەرد مەيداندا سىنىلار، سادىق ئادەم بوران - چاپقۇندا بىلىنەر. يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش كۈرىشىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارغا نىسبەتەن مۇھىم، زور سىناق، ئۇ كادىرلارنىڭ ھەم كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان جاسارىتىنى سىنايدۇ، ھەم كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇش ئىقتىدارىنى سىنايدۇ.

يېقىنقى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇۋاتقان ئاچقۇچلۇق پەيتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭ خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىگە بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، غەلىبە قىلىشقا جۈرئەت قىلىش جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ روشەن سىياسىي پەزىلىتى، شۇنداقلا بىزنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلاردىن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، بۇ مەيدان چوڭ سىناقتا مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش جاسارىتى، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئەقىل - پاراستى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ

# يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قۇدرەتلىك پەن - تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تېلېگراممىسى** 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى نەشر قىلىندىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 6 - سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قۇدرەتلىك پەن - تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك» دېگەن مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىندۇ.

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىنسانلارنىڭ كېسەل بىلەن كۈچ سىنىشىشىدىكى ئەڭ كۈچلۈك قورالى پەن - تېخنىكا بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ زور ئاپەت، زور يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى ئىلىم - پەن تەرەققىياتى ۋە تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتىن ئايرىلالمايدۇ. يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى پەن - تېخنىكا سېپىدىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور ھەم تەخىرسىز ۋەزىپە بىلىپ، كۆپ پەن كۈچلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىپ، ماس ئالغا سىلجىتىپ، ئىلمىي بولۇشتا چىڭ تۇرۇش، بىخەتەر بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا تەتقىق قىلىپ ئېچىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەردە تېز بۆسۈش قىلىپ، يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خەلق ئۇرۇشى، ئومۇمىي جەڭ، تۇسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنى قۇدرەتلىك پەن - تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دورا، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش بىلەن كلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە داۋالاپ ساقايتىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. ئەڭ زور تىرىشچانلىق بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئاغرىقلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ھازىرقى جىددىي ۋەزىپە، مۇھىمنىڭ مۇھىمى. پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قىلىپ، پەن تەتقىقات ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق ئالدىنقى سەپتىكى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا تىرەك بولۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش ئورۇنلاشتۇرمىسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كلىنىكىلىق تەتقىقات بىلەن كلىنىكىلىق قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ماسلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كلىنىكىلىق ئالدىنقى سەپكە تېخىمۇ كۆپ مايىللاشتۇرۇش كېرەك. دورا تەتقىق قىلىپ ئېچىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈش، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرى بىلەن غەرب تېبابىتى دورىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، تەتقىق قىلىپ ئېچىلغان ۋە تاللانغان ئۈنۈملۈك دورىلارنى تېزدىن ئومۇملاشتۇرۇش ۋە قوللىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئالدىنقى سەپنىڭ قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئېھتىياجىغا ئاساسەن يەنە بىر تۈركۈم ئۈنۈملۈك

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

**گېزىتىمىز 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خەۋىرى** مەركەزنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئاپتونوم رايونىمىزغا كېلىپ ئىشنى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، يېتەكچىلىك قىلدى. بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۇەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئۇدۇللاشتى.

چېن چۇەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەتكە ۋاكالىتەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ شىنجاڭغا كېلىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، يېتەكچىلىك قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقى ۋە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. چېن چۇەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېقىنقى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ۋە ھۆكۈمەت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپىدە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۈەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 300 مىڭ موغا يېقىن يازغى بۇغداي تېرىلدى

### جەنۇبىي شىنجاڭدا ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ ئومۇمىي سۈرئىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن تېز بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى - يېزا نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ھاۋانىڭ تەدرىجىي ئىللىشىغا ئەگىشىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ خىزمىتى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تەدرىجىي قانات يايدۇرۇلغان. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 299 مىڭ 700 مو يەرگە يازغى بۇغداي، 493 مىڭ 100 مو يەرگە بۇغدايدىن باشقا زىرائەتلەر تېرىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى يازغى بۇغداي تېرىشنىڭ يۇقىرى پەللە مەزگىلىگە كىرگەن، تېرىلغان كۆلەم 297 مىڭ 200 مو بولۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ مۇددىئا كۆلىمىنىڭ 84.91%نى ئىگىلىگەن، ئومۇمىي سۈرئىتى ئالدىنقى يىللاردىكىدىن تېز بولغان.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدا كۈزگى زىرائەتلەرنىڭ ئەتىياز پەسىللىك ئېتىز پەرۋىشى خىزمىتى ئومۇميۈزلۈك باشلاندى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى 6 مىليون 800 مىڭ مو كۈزگى بۇغداي ئارقا - ئارقىدىن كۆكەردى، شىمالىي شىنجاڭدىكى كۈزگى بۇغدايلار يەنىلا قىشلاش مەزگىلىدە تۇرماقتا. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك يېزا ئىگىلىكى - يېزا تارماقلىرى دېھقانلار ۋە تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى تەرتىپلىك، ۋاقتىدا ئايرىپ ئېتىزغا چىقىپ، تارقاق ئەمگەك قىلىپ، دېھقانچىلىق مەزگىلىگە دەخلى يەتكۈزمەي كۆكلەم سۈيى بېرىشكە، باش ئوغۇت بېرىشكە ۋاقتىدا تەشكىللىدى، سەپەرۋەر قىلدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)



پارنىك تېرىقچىلىقى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بەردى

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى كەنت ئاھالىلىرى پارنىكتا لازا تېرىماقتا. كۇچا شەھەرلىك سۇچىلىق ئىدارىسىنىڭ ئاقئۆستەڭ يېزىسى بوستان كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى تۈر مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ، نامراتلارنى يۆلەش پارنىكىدىن 19نى قۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك لازا قاتارلىق كۆكتاتلارنى كىرگۈزۈپ تېرىپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا ياردەم بەردى. □ نىياز راخمان فوتوسى

## ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرلىرى ۋە نامرات ئاممىنى تولۇق تەربىيەلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ شياڭنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش ئىشخانىسىدىن ئىگىلىشىچە، 2019 - يىلى 11 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېڭى بىر نۆۋەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە «قىشلىق ھۇجۇم» باشلانغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى نامراتلارنى يۆلەش كادىرلىرى ۋە نامرات ئاممىنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتقان. ھازىرغا قەدەر، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش كادىرىدىن جەمئىي 1 مىليون 752 مىڭ 800 ئادەم قېتىم تەربىيەلەنگەن، 1 مىليون 642 مىڭ 200 ئادەم قېتىم نامرات ئامما تەربىيەلەنگەن، نامراتلارنى يۆلەش سىياسىتى تەشۋىقاتى 12 مىليون 26 مىڭ 400 ئادەم(قېتىم)نى قاپلىغان بولۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىنغان.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### كەسپلەر تۈرتكە بولۇش يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىرادە جەھەتتىن يۆلەش، ئەقىل جەھەتتىن يۆلەش

## نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان 165 مىڭ 800 ئاھالىنىڭ بىرىنىمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويۇشقا بولمايدۇ

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ شىگۈي

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش تاماملىنىدىغان يىلدا، شىنجاڭدا يەنە نامراتلىقتىن قۇتۇلمىغان 165 مىڭ 800 ئاھالە قالدى. بۇ، نامراتنىڭ نامرىتى، قىيىننىڭ قىيىنى بولۇپ، يېڭىش ئەڭ تەس بولغان قاتتىق قىيىنچىلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز دەل «دۈشمەن قورغىنىنى ئالمىغۇچە يۇرتىغا قايتمايدىغان» ئىرادە بىلەن، تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىپ، ئېغىر نامراتلىق ئۈستىدىن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، «ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش يولىدا بىرىنىمۇ سەپتىن چۈشۈرۈپ قويماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

**كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىنى پۇختىلاش**

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا، كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈپ تەدبىر. بىرنەچچە يىل داۋاملىق تىرىشىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ كەسپلىرى ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۇ يىللىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنىڭ تاماملىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. نۆۋەتتە، ھەرقايسى جايلار ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار تۈنجى تۈركۈمدە دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش باشلاش تەييارلىقىنى ئىنچىكە، دەل جايىدا ياخشى ئىشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ شيا** خەۋەر قىلىدۇ: 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تولۇق ئوتتۇرا 3 - يىللىق، تولۇقسىز ئوتتۇرا 3 - يىللىق، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلىدى. ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تۈنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى بىخەتەر، تەرتىپلىك ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ئۈچۈن، ئۇدا بىرقانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوقۇش باشلاش تەييارلىق خىزمەت ئەھۋالىنى نەق مەيداندا تەكشۈرۈپ، نازارەتچىلىك - يېتەكچىلىك قىلىپ، ئوقۇش باشلىغاندىن كېيىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ ئىككىلىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىككە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى پۈتۈن شەھەردىكى ئوقۇش پۈتكۈزىدىغان يىللىقلار بار مەكتەپلەرگە قارىتا ئارىلاپ تەكشۈرۈپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى لىن** خەۋەر قىلىدۇ: «پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتكە رەھمەت، ماڭا ۋاقتىلىق قۇتقۇزۇش پۇلى ئەكېلىپ بېرىپ، كۆز ئالدىمدىكى جىددىي ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەردى. ھازىر خەلق ئىشلىرى كادىرلىرى ياردەملىشىپ تۆۋەن كاپالەت رەسمىيىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىۋاتىدۇ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندىن كېيىن، ماڭا تۆۋەن كاپالەت پۇلى تارقىتىپ بېرىدۇ.» 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، لوپ ناھىيەسىنىڭ ھاڭگىيا بازىرىدىكى ئابدۇسالام مەنسۇر ھاياجانلانغان ھالدا تېلېفوندا خۇشاللىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىدى.

سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش، تەرتىپنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قۇتقۇزۇش - ياردەم بېرىش سۈرئىتىنى تېزلىتىش، مۇلازىمەتنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ياردەم بېرىش - يۆلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش... يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سۈرئىتىنى ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## قەھرىمانلارنى ھۆرمەتلەش، ئۆلگە قىلىپ تىكلەش كېرەك

سۆز ھەممىگە

□ خوۋ خۇي

باش شۇجى شى جىنپىڭ 3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىگە بېرىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە، تېببىي خادىملار ۋەكىللىرىگە مۇنداق دېدى: «سىلەر ئەڭ چوڭ تۆھپىكار، پارتىيە ۋە خەلق سىلەرگە باش تۆھپە يازىدۇ.» باش شۇجىنىڭ سۆزى ئىللىق، تەسىرلىك شۇنداقلا كىشى قەلبىنى ئىلھاملاندۇرىدۇ. قەھرىمانلار ھۆرمەتلەنسە، ئۆلگە قىلىپ تىكلەنسە، كەلگۈسى كۈرەش قىلىش يولىمىزدا، بىز بوران - چاپقۇندىن قورقمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملىيەلەيمىز.

يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىي ئۈچ تۈركۈمدە 400گە يېقىن تېببىي خادىمنى ۋۇخەنگە ياردەم بېرىشكە ئەۋەتتى، بەرىنچى سەپتىكى 2850تىن ئارتۇق تېببىي خادىم ئاپتونوم رايونىمىزدا تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا بىۋاسىتە قاتناشتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)